# ئۇيغۇرلاردىكى پاجىئە _ كىرزىس ئىچىدىكى نىكاھ ۋە ئائىلە

غالىب بارات ئەرك

قاراشلار ھەر خىل بولىدۇ،
ھەقىقەت ھامان ئايدىڭلىشىدۇ

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ قانداق بولۇشى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ

قانداق بولىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. شۇنداق، ئۇيغۇر جەمئىيىتىمۇ نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەردىن تۈزۈلگەن بىر جەمئىيەتتۇر، مانا ئەمدىلىكتە مۇشۇ جەمئىيەتتىكى ئائىلىنىڭ رولى، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ئويلىشىپ كۆرىدىغان مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە شۇنچىلىك ياخشى كۈنلەر بارلىققا كەلگەن

بولسىمۇ بىر تۈركۈم ئىدىيىسى
تۇراقسىز، پۇرسەتپەرەس،
مەسئۇلىيەتسىز، دىيانەتسىز كىشىلەر
جەمئىيەت تەرتىۋىنى، خەلقىمىزنىڭ
ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى بۇزۇپ، ناچار
قىلمىشلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزگە،
مىللىتىمىزگە تولدۇرغۇسىز زىيانلارنى
ئېلىپ كەلمەكتە، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ
قىلمىشىدىن شەكىللەنگەن كىرزىس
مىللەتنىڭ كېلىچىكىگىلا ئەمەس
بۈگۈنى ئۈچۈنمۇ زور خەۋپلەرنى

كەلتۈرمەكتە، شۇڭا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ۋە ئۇچۇرلار ئارقىلىق، بۇ جەھەتتىكى جۈملىدىن بىزنىڭ ئائىلە ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ ئۆزگىرىشى، ئائىلە ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشى، بۇنىڭ ئائىلىگىلا ئەمەس پۈتكۈل مىللەتكە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ھەققىدە پاكىتلىق مۇلاھىزىلىرىمنى سۇنماقچىمەن.

زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەللامىسى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى

«ئائىلە» نامىلىق كىتابىدا ئائىلىگە تەبىر بېرىپ: «ئائىلە نوقۇل مەنىدىكى ئىككى جىنس قۇشۇلمىسىنىڭ قانۇنىي شەكلى بولۇپ قالماي، ئۇ يەنە، ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تەۋەللۇدگاھى؛ مېھىر ـ شەپقەت، ئەقىل ـ ئىدراك، ئەخلاق ـ ئادەت، بىلىم ـ مەدەنىيەتنى يېتىشتۈرۈدىغان تۇنجى مەكتىپى؛ قوشنىلارغا، ئىلىم ئوچاقلىرىغا، جەمئىيەتكە، كىشىلىك دۇنياسىغا يۆزلىنىدىغان بىرىنچى بوسۇغۇسى؛

ئۆمۈر ئەجرلىرىنىڭ ئەڭ مۇپەسسەل
مۇزېيى؛ كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ ئەڭ
ئىشەنچلىك شىپاخانىسى؛ كىشىنى
مەڭگۈلۈك دۇنياغا ئۇزىتىدىغان
مۇسىبەت ئۆيى؛ ئەۋلادلار
شەجەرىسىنىڭ يىلتىزى ۋە شىخى؛
مىللەتنى قۇيۇپ چىقىدىغان قېلىپ؛
.... ئائىلە ـ ھەممە كىشى، پۈتۈن
جەمئىيەت، ھەر ساھە غەمخورلۇق
قىلىشى لازىم بولغان مىللىي
تۇرمۇشنىڭ <ئۇرۇقى>. ئائىلىدىن

ئائىلىلەر سىستېمىسى ـ جەمئىيەت، ئىنسانلار تۈركۈمى ـ مىللەت تۆرۈلىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئائىلىلەر ماددىي ۋە مەنىۋى، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي شارائىتى ۋە قىياپىتىگە ئېتىبارسىز قاراش جەمئىيەت ۋە مىللەت، ئىنسانىيەتنىڭ رېئال ۋە كەلگۈسىگە ئېتىبارسىز قاراش ھېساپلىنىدۇ.»[1] دەپ يازىدۇ. ئالىمنىڭ ئائىلە ھەققىدە بەرگەن يۇقىرىقى تەبىرى بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ھەققىدە ئويلىنىشىمىزغا،

تەپەككۇر قىلىشىمىزغا، جۈملىدىن ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنى مۇشۇ فورمۇلا بىلەن دەڭسەپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ ۋە ئۈندەيدۇ. ئالىمنىڭ پىكرى بويىچە ئالساق، ئەر ـ ئايال (ئوغۇل ـ قىز)نىڭ قانۇنلۇق ھالدا توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولۇشى ئەلۋەتتە قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت (نىكاھسىز پەرزەنتلىك بولىدىغان، ئائىلىسى تۇرۇپ 3 ـ بىر كىشىدىن پەرزەنتلىك بولىدىغان قىسمەن ئەھۋاللارنىمۇ تىلغا ئالماي

بولمايدۇ)، بىراق گەپ بۇ ئائىلىنىڭ بەرپا بولۇشىدا ئەمەس بەلكى شۇ ئائىلىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى، ئائىلىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى، ئىككى تەرەپ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئائىلىنىڭ مېھىر-مۇھەببەتكە تولۇشى، ئائىلە ئەخلاقى ۋە مەدەنىيىتى، پەرزەند تەربىيىسى، ئائىلىنىڭ جەمئىيەتكە ۋە مىللەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەر

ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇردۇ. مانا بىز بۆگۆنكى كۆنگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۆتمۆشتىكى ئەنئەنىۋى تويلارنىڭ ئەكسىچە ئەركىن مۇھەببەت ئاساسىدا ئائىلىلەر بەرپا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، «تويىمساق تويۇڭدا تويارسەن» دېگەندەك بەزى مۇشەققەتلەردىن خالىي بولمىغان ھالدا، ئىككى ياش بىر ياستۇققا باش قويۇپ «بېشى باش، ئايىغى تاش» ھالدا ھاياتنىڭ تۆرلۆك تۆمەن

سناقلىرىغا يۈزلىنىدۇ. بۇ سىناقلاردا ئائىلىلەرنىڭ مۇستەھكەم قورغىنى قانچىلىك مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە قانچە زامان بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ بۇنىڭغا سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق جاۋاپ ھازىرلىيالايمىز. بىز ئالدى بىلەن مۇندىن يۈز يىللار بۇرۇنقى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ خانىمى كاتارىن ماكارتنىي (1898 ـ

يىلى 21 يېشىدىن باشلاپ قەشقەر چىنىباغدا 17 يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن)نىڭ 1931 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابى «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»دىكى مۇنۇ بايانلىرىنى كۆرۈپ باقايلى: «قەشقەردە تۇي بېشىدا تۇرۇپ نىكاھ ئوقۇغان موللا ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن، نىكاھ ئوقۇغان چاغدىلا ئاجرىشىش خېتىنىمۇ تەييارلاپ قويىدىكەن. چۈنكى بۇنداق ئىشلار قاچانلا بولمىسۇن يۈز بېرىپ

تۇرىدىكەن. بىر ئەر بىرەر گۇۋاھچىنىڭ ئالدىدا خوتۇنىغا ئۈچ قېتىم <تالاق> دېسە، ئەر-خوتۇن ئاجرىشقان بولىدىكەن. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا نىكاھلىنىش ھېچقانچە چوڭ ئىش ھېسابلانمايدىكەن. نۇرغۇن ئەرلەر بىرىنچى قېتىملىق سەپىرىدە، مەلۇم جايدا بىرەر قىز بىلەن توي قىلىدىكەندە، كۆپۈنچە بىر ئىككى كۈن، بەزىدە نەچچە ھەپتە، نەچچە ئاي ئۆتكەندە كېتىپ قالىدىكەن،

كېتىشتىن بۇرۇن ئاجرىشىدىكەن...
قەشقەردە قىزلار 12 ييشىدىلا تويى قىلىدىغان، كۆپ باللىق ياكى كۆپ نەۋرىلىك بولىدىغان بولغاچقا، ئاسان قېرىپ، 25 ياشلاردىلا قېرى چىراي بولۇپ كېتىدىكەن.»[2] مانا بۇ بايانلاردىن بىز مۇندىن 100 نەچچە يىللار بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھقا ئويۇنغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوپ

يىلىدىن (1835 ـ 1865) 1858 ـ يىلىدىن 1859 ـ يىلىغىچە قەشقەردە بولغان كۆنلىرىدە كۆرگەنلىرى ئاساسىدا يازغان «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدا، «ئالتە شەھەردە ئاياللار ئەرلىرى بىلەن بەزمىلەرگە بارىدۇ. بۇ يەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئاز ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئاياللار خالىغان چاغدا ئەرلىرىنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئايالى ئاجراشماقچى بولسا، ئۆيدىن بىرنەرسە

كۆتۈرۈپ ماڭالمايدۇ. ئەگەر ئەر
ئاجراشماقچى بولسا، ئايالنىڭ جان
بېقىشى ئۆچۈن تۆلەم بېرىشى تەلەپ
قىلىندۇ. ئالتە شەھەردە
مۇسۇلماندارچىلىقتا يات كەڭ يېيىلغان
بىر ئاجايىپ ئادەت بار، ئۇ بولسىمۇ،
باشقا يۇرتتىن كېلىپ توختاپ
قالغانلارنى ۋاقىتلىق ئۆيلەپ
قۇيىدىغان ئادەتتۇر. ۋاقىتلىق نىكاھقا
قەتئىي يول قويىدىغان ھەنەفىيە
مەزھىپىنىڭ يولىنى تۇتىدىغان

سۈننيلەر تۇرۇقلۇق، قەشقەرلىكنىڭ بۇ خىل ئادەتكە يول قويۇشى بەكمۇ ھەيران قالارلىق ئىشتۇر. ئېھتىمال بۇ بۇتپەرەسلىك زامانىدىن قالغان ئادەت بولۇشى مۈمكىن.

ۋاقتلىق نىكاھلىنىش ئادىتى مۇھاجىرلار كۆپرەك جايلاشقان ئالتە شەھەر تەۋەسىدىلا ئەۋج ئالغان، كۇچارنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتسەك بۇنداق ئادەت يوق. چۈنكى ئۇ ياقلارغا باشقا يۇرتلۇقلار

ئانچە بارمايدۇ. ئەر بولغۇچى خوتۇنغا تويلۇق ئۆچۈن بىر قۇر كىيىم ئېلىپ نىكاھ ئۇقۇتسىلا ئىش پۈتىدۇ. خوتەن تەرەپلەردە بىزنىڭ كۆمۈش پۇل ھېساۋىمىزدا بىر يېرىم كۆمۈش خەجلىسىلا خوتۇن ئالغىلى بولىدۇ. يەكەندە تېخى مەخسۇس خوتۇن بازىرى بولۇپ ئەرگە تېگىدىغان خوتۇنلارنى بازاردىنلا تېپىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئاقسۇ، تۇرپانلاردا توي قىلماق تەسرەك. ئالتە شەھەردە

ئاياللارغـا نىكـاھ ئەركىنلىكـى بېرىلگەنـدەك قىلغىنـى بىلـەن، بـۇ ئىشنىڭ يامان تەرىپى شۇكى، كىشلەر ئـائىلىنى قەدىرلىمەيـدىغان، نىكـاھنى ئويـۇن تاماشـا قاتارىـدا كۆرىـدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئېغىـر.... كېيىن كىشلەر پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن چەتـنەپ كەتكەچـكە، جەمئىيەتـتە يەنـلا مۆرتەدلىـك ۋە زىنـاخورلۇق يـامراپ كەتتـى. مۇسـۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ھازىر ھاراقنىڭ ئورنىنى نەشە

ئىگىلىدى. ئالتە شەھەردە نەشە چېكىدىغانلار بەڭگە دېيىلىدۇ. بەڭگىلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپ جەمئىيەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوق بىر تەبىقە.... ئالتە شەھەرنىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدا پاھىشىخانىلار بار. ئاياللار شۇ يەرلەردە پاھىشىلىككە سېلىنىدۇ. قەشقەردە پاھىشە ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدە ھەر خىل سەۋەبلەر بولىسمۇ، لېكىن نامراتلىق ۋە مۇھتاجلىقنى ئەڭ مۇھىم

سەۋەب دېيىشكە بولىدۇ....»[3]
دەپ يازغانلىرى كاتارىن ماكارتنىينىڭ
يازغانلىرىنىڭ بەرھەقلىكىگە گۇۋاھ
بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ خىل
ئادەتنىڭ تېخىمۇ بۇرۇنلا بار
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
روسىيىلىك ئاتاقلىق تاتار ئالىمى
نۇشرىۋان يائۇشېۋ «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا
زىيارەت» ناملىق ئەسىرىدە 1915 ـ
يىلى ئەتراپىدا يۇرتىمىزدا كۆرگەن
ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن مۇنداق دەپ

يازىدۇ: «سەبىي قىزلارنى سەككىز ـ توققۇز يېشىدىلا ئەرگە بېرىدۇ. 12 ـ 13ياشقىچە ياتلىق قىلىنمىغان قىزلار ئەيىبلىك سانىلىدۇ. قىز بىر ئەردە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرالمايدۇ. بىر ئەر، هالى يەتسە يىلىغا 40، 50 قىزغا ئۆيلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئەرسىز قالغان خوتۇنلار بەك كۆپ ئۇچرايدۇ. باللىق ئاياللار ياش بولسىمۇ، ئەر چىقمايدۇ. بەك كۆپ قىزلار مۇساپىرلاردىن هامىلدار بولۇپ قالىدۇ.

ئۇلار كۆنگە ئۈچ ـ تۆت تىنغا موللىلاردا يۈك يۈيۈپ ئىشلەپ باللىرىنى ئۆزلىرى تەربىيىلەيدۇ. . . . خوتۇن قىزلار بېزەككە ئامراق بولغاندەك، ئەرلىرىمۇ شۇنداق پوزۇر كىيىنگەن يورغىلاپ يۈرگۈچى قىزلارغا ۋە يورغا ئاتلارغا ئامراق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خوتۇننى كۆپرەك ئېلىش سۈننەت ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك ساۋابلىق ئىش. ئەشۇ خىل ئېتىقادنىڭ سەمەرىسىدىن بولسا كېرەك، بۇ يەردە

ئۆمرىدە يۈزدىن كۆپرەك قىزغا ئۆيلەنگەن كىشىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. خوتۇن قىزلارنى ئۇرۇپ سوقۇش، ئاغزىدىن قان كەلگۈچە قىيناش ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ نەزەرىچە، بارلىق قۇت-سائادەت ۋە بارچە يىتۈكلۈك كۆپرەك خۇتۇن ئېلىپ ئۇلارنى قاتتىقراق قىيناشتۇر.... «بىزنىڭ بۇ يەردە خوتۇن ئەرزان. تېخى يېقىندىلا بىر ئىككى تەڭگە چىقىم قىلىپ 14 ياشلىق

بىر قىز ئالغان ئىدىم. يېنىدا ئىككى كۆن يېتىپ، ئۈچىنچى كۆنى ئۇنى قويۇۋېتىپ، ئاخشام يەنە بىرنى ئالدىم. باللارنىڭ ئانىسى قېرىپ قالدى، ئۇ... بولمايدۇ. بىز پەيزىۋاتتا دائىم بىرىپ تۇرىمىز، ھەر بارغاندا بىرنى ئالماي كەلمەيمىز. ئۈچ كۆن تۇرىمىزدە تالاق خېتىنى بىرىۋېتىپ كېتىمىز، ناھايىتى ئۈچ ـ تۆت تەڭگىلا چىقىم بولىدۇ>...» [4]

گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق ئارخېئولوگ

ئالبېرت ۋون لېكوك «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى» ناملىق كىتابىدا تۇرپان قاراخوجىدا بولغان مۇنداق بىر ۋاقىئەنى خاتىرىلىگەن: «شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، بىر كۆنى قازى بىلەن ئورنى يۇقىرى بىر ئاخۇن بىزنى ئىزلەپ كەلدى. ئاخۇن بىزگە ـ<سىلەر ئىككىڭلەر خۇتۇنسىز بۇنداق ياشساڭلار بولمايدۇ، سىلەر توي قىلىشىڭلار زۆرۈر> ـ دېدى. بىز ـ

<بىز توي قىلىپ بولغان> ـ دېسەك، ئۇلار يەنە، ـ <توغرا، لېكىن سىلەرنىڭ خۇتۇنلىرىڭلار نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقتا، شۇڭا سىلەر بۇ يەردە چۇقۇم نىكاھلىنىشىڭلار لازىم. بەگنىڭ ۋە مېنىڭ قىزىمنى سىلەرگە ياتلىق قىلىشقا جابدۇپ قويدۇق> ـ دېدى. بۇ ئىش بىزنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى. بىز قانداق قىلساق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي بۇ ئىشنى رەت قىلالايمىز؟ بىز ئاۋۋال ئۇلارغا

رەھـــمەت ئېيتتـــۇق، ئانـــدىن: ـ
>دوسـتلار، سـىلەرمۇ بـۇ يەردە چـىڭ
پادىــشاھنىڭ ســىنچىلىرى ـ مەخپىــي
پايلاقچىلىرى بارلىقىنى بىلىسىلەر، ھەر
ھەپتــدە بىزنىــڭ ھەر بىــر ئىــش
ھەرىكىتىمىزنى بىيجىڭـدىكى ئەلچىـگە
مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ، باش ئەلچى بـۇ
دوكلادلارنـــى بېرلىنـــدىكى پادىـــشاھ
ۋىللىيامغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بىزنىـڭ
قانۇنىمىزدىكى بەلگىلىمە بويىچە بىـز
پەقەت بىــر قېتىملا تـوي قىلالايمىـز،

ئەگەر پادىشاھ بىزنىڭ بۇ يەردە يەنە توي قىلغىنىمىزنى ئۇقۇپ قالسا، سىز پەرەز قىلىپ بېقىڭ، بىز قانداق بولىمىز؟> ـ دېدۇق. ئۇلار ساقاللىرىنى سىيپاپ <بىلمەيمىز> دېيىشتى. ئۇلاپلا بىز چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدۇق: ـ ئەگەر بىز قوش نىكاھلىنىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزسەك، <25 دەررە ئۇرۇلىمىز>.
ـ ئۇلار بىزنىڭ بۇ خىل ياۋايىلارچە قىلمىشىمىزدىن قاتتىق ھەيران بولۇپ بىزگە ھېسداشلىق قىلىشىپ

قايتتى.»[5]

ياپونىيىلىك دۇبىئەنجىشىن «بۇ يەرلىك قىزلار ناھايىتى بالدۇر تويى قىلىدىكەن، ئەگەر 15 ياشقىچە ياتلىق بولمىسا ياتلىق بولالمايدىكەن، ئادەتتە 12 ~ 13 ياشلاردىلا 25 ياشلار ئەتراپىدىكى ئەرلەردىن بىرىگە ياتلىق بولۇپ كېتىدىكەن... بىراق ئەرلەر ئاياللارنى يىرتىق كەشنى تاشلىغاندەك چۆرىۋېتىدىكەن، شۇنچىكىلا ياقمىسا خوتۇننى قوغلاپ چىقىرىپ باشقىسىنى

ئالىدىكەن. ياپونىيىدە توي قىلغاندا
بۇرۇن توي قىلغانمۇ دەپ سورايدۇ، بۇ
يەردە نەچچە ئەرگە تەگكەن دەپ
سورايدىكەن. بۇ يەردىكىلەر ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، بىر ئەر
كۆپ خوتۇنلۇق بولالايدىكەن، بىر ئەر
بىر قانچە خوتۇن ئالالايدىكەن، بىراق
مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ خوتۇنلار
ئايرىم-ئايرىم ئۆيلەردە تۇرىدۇ، بۇ
خوتۇنلار پۇلغا سېتىۋېلىنغان، شۇڭا
قىز تۇغۇلسىلا بايلىق دېيىشكە

بولىدۇ. ئاجراشقاندا، بالىسى ئەگەر ئوغۇل بولسا ئېرى ئالىدۇ، قىز بولسا خوتۇنى ئېلىپ كېتىدۇ....»[6]

بۇندىن باشقا يەنە ئۇيغۇر ئالىمى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ناملىق ئەسەرىدە «پاھىشىلەرگە پاھىشىخانىلار يوق. شۇڭلاشقا پاھىشىلەر تۇڭگان سارايلىرىدا مۇستەقىل ياشايدۇ. يېڭىغا بارساڭ ھامان نازلىنىپ، ئاشىق-مەشۇق قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. بۇلارنى

كۆرۈپ ئۆز-ئۆزۈگىدىن خورلىنىسەن. خۇسۇسەن ماڭا ئوخشاش باشقا يەردە ئۆسكەن بىر كىشىگە، بۇلارنىڭ قىلىقلىرى بەك غۇربەت ۋە يات تۇيۇلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئومۇمەن مۇئامىلىلىرى چىنلىقلار بىلەن بولغانلىقتىن، ھەممىسى بەڭگى بولۇپ بازارلاردىن قىز يوقۇلىدىكەن. شۇڭا بىر ئاز ياشىراقلىرى چىنلىقلارغا ئۆيلىنىدۇ ياكى ئومۇمىي يەرلەردە قىمار ئويناپ، ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. بۇ

تەرەپلەردە ۋاقىتلىق نىكاھمۇ خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يوقسۇزلۇقنىڭ سەمەرىسىدۇر ئاخىر.»[6] دەپ يازىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلاردا مۇستەھكەم ئائىلە، نەسەب قارىشى بولمىغان، شۇڭىمۇ نۇرغۇنلىغان بەختسىزلىكنىڭ باشلانمىسى ئەنە شۇ ئائىلىلەردىن باشلانغان. مائارىپچى

ياقۇت يۇنۇس خانىم ئۆز ئەسلىمىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يۇرتىمىزدا <تالاق> دەيدىغان بىر خىل ئەسكى ئادەت بار ئىدى. ئايالىدىن رەنجىگەن، يوقىلاڭ ئىشقا ئىشىنىپ قالغان، گۇمان قىلىپ قالغان بەزى ئەرلەر ياكى ئۆكتەم، كۆكەمە ئەرلەر بىرەر قېتىملىق ئۇرۇش-تالاشتىن كېيىنلا ئايالىنى <تالاق> ياكى <ئۈچ تالاق> دېگەندەك بولمىغۇر سۆز بىلەن تىللايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئايال ئەرنىڭ

ئەمردىن چىقىپ كېتەتتى. ئەمما، بۇنداق سۆزنى ئايال ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. بۇنداق ئائىلىلەر كۆپىنچە بۇزۇلۇپ كېتەتتى. بالا ـ چاقىلىرى كۆپ، ئاتا ـ ئانىسى بېسىم ئىشلەتكەن، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلغان، ئەرنىڭ گۇمانى يېشىلگەن، ئايال بۆھتاندىن ئاقلانغان ئەھۋالدا <تالاق>نى ياندۇرۇشقا توغرا كېلىپمۇ قالاتتى. <تالاق>نى ياندۇرۇشتا، ئەگەر ئەرنىڭ ئاغزىدىن

«ئۆچ تالاق» دېگەن سۆز چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇنداق «تالاق» يانمايتتى؛ ئەگەر «تالاق» دېگەن بولسا بۇنى ياندۇرغىلى بولاتتى. ياندۇرۇش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولاتتى: بىر خىلى ـ ئايال باشقا ئەرگە بىر قېتىم نىكاھلىنىشى كېرەك. يەنە بىر خىلى، ئايال بىراۋغا ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشى ۋە ئۇنى ئەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشى كېرەك ئىدى. بۇ خىل رەسمىيەتنى ئاساسەن يۇرتنىڭ ئىمام

خاتىبلىرى دىنىي رەسمىيەت بىلەن ئىجرا قىلىناتتى... .»[7]

يۇقىرىقىلار 200 يىللار بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ۋە ئائىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇلار ئەينى دەۋر رىئاللىقىنىڭ خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، ئۇنداقتا بىز بۈگۈنكى تەرەققىي قىلغان، كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە بولغان قارىشى ئۆزگەرگەن، ئاڭ سەۋىيىسى ئاشقان،

ئائلگە ئوبېكتپ قارايدغان، مەسئۇليەت تۇيغۇسغا ئگە بولغان، سوتسيالستك ئديە ئەخلاق تەربيىسى ئېلپ بېرلغان زاماندكى ئائللەر قانداق بولماقتا؟ بۇ سۇئاللارغا جاۋاپ ئزلەشتە مونۇ سانلق مەلۇماتلارنى كۆرسەك ئارتۇقلۇق قلماس ئەلۋەتتە.

1994-يلى شنجاڭدكى ئاز سانلق مللەتلەر ئاھاللرنڭ تۇرمۇش سەۋيىسنى تەكشۈرۈشتن

مەلۇم بولۇشچە، ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە جان سانى 4.38 بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشقان نوپۇس 1.92 ئادەمگە يەتكەن، ھەر بىر نوپۇس 2.28 ئادەمنى باقىدىغان بولغان.[8]

1983 ـ يىلى يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 422 مىڭ 484 جۈپ توي قىلىشقا، 129 مىڭ 17 جۈپ ئاجرىشىشقا ئىلتىماس قىلغان، سوتنىڭ ھۆكۈمى بىلەن 29 مىڭ 792 جۈپ ئاجراشقان، يارىشىپ قېلىشنى

ئۆلتىماس قىلغانلار 22 مىڭ 636 جۈپ. 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە توي قىلىشقا تىزىملاتقانلار 155 مىڭ 297 جۈپ، ئاجرىشىشقا تىزىملاتقانلار 44 مىڭ 487 جۈپ، يارىشىۋېلىشقا تىزىملاتقانلار 7367 جۈپ....[9]

1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا نىكاھ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 15 ياش ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ ياشتىكى نوپۇس 233 مىڭ 609،

بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھلانمىغانلار
%28.46نى، جۈپتى بارلار
%63.82نى، جۈپتى يوقلار
%4.84نى، نىكاھتىن ئاجراشقانلار
%2.88نى ئىگەللىگەن...، تۇي
قلغانلاردىن قانۇندا بەلگىلەنگەن
يېشىغا يەتمەي تۇرۇپلا تۇي قلغانلار
شۇ ياشتىكىلەرنىڭ %7.01نى
ئىگەللەيدۇ، بالدۇر تۇي قلغانلارنىڭ
ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن %92نى
ئىگەللەيدۇ..... ئاز سانلىق مىللەتتە

15 ياش ۋە ئۇنىڭدىن چوڭلاردا نىكاھلانمىغىنى %25.5نى، جۈپتى بارى %64.1نى، جۈپتى قازا قىلغىنى %6نى، نىكاھتىن ئاجراشقىنى %4.4نى ئىگەللەيدۇ.[10]

1989 ـ يىلى نىكاھلانغانلار 169 مىڭ 213 جۈپ، بۇنىڭ ئىچىدە يارىشىۋالغانلار 4617 جۈپ، ئاجرىشىشقا تىزىملاتقانلار 35 مىڭ 643 جۈپ.[11]

1991 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە

189 مىڭ 684 جۈپ نىكاھلىنىشنى ئەلتىماس قىلغان، 170 مىڭ 999 جۈپنىڭ رەسمىيتى بېجىرىپ بېرىلگەن (بۇنىڭ ئىچىدە يارىشىۋالغان 4994 جۈپ)، 18 مىڭ 685 جۈپ ئەر ـ ئايال تويى قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن تويى خېتى بېرىلمىگەن. 57 مىڭ 987 جۈپ ئاجرىشىشنى ئەلتىماس قىلغان بولۇپ 40 مىڭ 53 جۈپنىڭ ئاجرىشىش رەسمىيتى بېجىرىپ بېرىلگەن، 17 مىڭ 934

جوٴپ موٴرەسسە ئارقىلىق ئەپلىشىپ قالغان. [12]

1992 ـ يىلى 181 مىڭ 240 جوٴپ ئەر ئايال تويى قىلىشقا تىزىملىتىش ئىلتىماسى قىلغان. 165 مىڭ 122 جوٴپ كىشىنىڭ رەسمىيتى بىجىرىپ بېرىلگەن بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە يارىشىۋالغانلار 4653 جوٴپ، 16 مىڭ 118 جوٴپ ئەر ئايالنىڭ تويى قىلىشقا شەرتى توشمىغانلىقتىن رەسمىيەت بىجىرىپ بېرىلمىگەن. بۇ يىلى 54

مىڭ 215 جۈپ ئەر ئايال نىكاھتىن ئاجرىششنى ئىلتىماس قىلغان بولۇپ 37 مىڭ 194 جۈپ ئەر ئايالنىڭ ئاجرىشىش رەسمىيتى بېجىرىپ بېرىلگەن.[13]

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نىكاھلىنىشقا تىزىملاتقانلار 194 مىڭ 900 جۈپ، بۇنىڭ ئىچىدە تويى قىلىش رەسمىيتى بېجىرىلگەنلەر 160 مىڭ 709 جۈپ (يارىشۋالغانلار 4863 جۈپ)، نىكاھتىن ئاجراشقانلار 29

مىڭ 328 جۈپ[14].
1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 202 مىڭ 149 جۈپ ئەر ئايالنىڭ نىكاھلىنىش رەسمىيىتى بېجىرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە تويى قىلىنغانلار 166 مىڭ 643 جۈپ(يارىشىۋالغانلار 6854 جۈپ)، نىكاھتىن ئاجراشقانلار 28 مىڭ 652 جۈپ بولغان.[15]
1997 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا نىكاھقا تىزىملاتقانلار 201 مىڭ 162 جۈپ بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە 170 مىڭ

674 جۈپكە (بۇنىڭ 4692 جۈپى ياربىشۋالغانلار) رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىلگەن، 30 مىڭ 488 جۈپ ئاجرىششقا تىزىملاتقان، ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە سوتنىڭ ھۆكۈمى بىلەن 28 مىڭ 232 جۈپ ئاجراشقان.[16]

بەزىلەر بۇ سانلىق مەلۇمات شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىستاتىستىكىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 40 نەچچە مىللەت بار، بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئۇيغۇر

مىللىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، دەپ قارىشى تۇرغانلا گەپ. توغرا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان ھالدا 40 نەچچە مىللەت ياشايدۇ، شۇنداق ئىكەن، بۇ سانلىق مەلۇماتلار ماقالىنىڭ تېمىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە كىرىمىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە يېتەرلىك ئىسپات بولالامدۇ؟ بەزىلەر يەنە ئاجراشقانلار يەنىلا ئاز ساندىغۇ؟

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئاجرىشىپ بولۇپ يارىشۋالىدىغانلارمۇ بار دېيىشى تۇرغانلا گەپ. ئەلۋەتتە، بىر جەمئىيەتتە، بىر مىللەتتە نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش نورمال ئىش، بۇنى كىرىزىس دېيىشنىڭ ھېچ بىر ئاساسى يوق. دەرھەقىقەت، نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە ۋە مىللەتتە بولىدىغان نورمال ئىجتىمائىي ھادىسە، لېكىن ئۇنىڭ نىسبىتىنىڭ

يۇقۇرى بولشى، شەكسزكى بر جەمئيەتنڭ تەڭپۇڭلقى ۋە ئجتمائي ئېكلوگيسنڭ بۇزۇلغانلقنڭ ئپادسدۇر، بۇ بۇزۇلغان ئادەت ئېكلوگييسى ۋە مەدەنيەت ئېكلوگييسى شەكسزكى بر مللەتنڭ شۇ دەۋردكى، كەلگۈسدكى ئجتمائي قۇرۇلمسى ۋە تەرەققياتى، ئقتسادي ئاساسى، ئۇيۇشۇشچانلقغا ناهايتى زور ئەكسي تەسر كۆرستدۇ. ئەمدلكتە

بىز يەنە ئىستاتىستىكا مەلۇماتلىرى ئارقىلىق نىكاھ مەسىلىسىگە قايتايلى:

ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە «... مەملىكەت بويىچە نىكاھتىن ئاجرىشىش قانۇنىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.59%، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1982 ـ يىلىدىكى نىسبىتى 3.22%، بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتىدىن 2.63% يۇقىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نىكاھتىن

ئاجراشقانلارنىڭ 41% نى 20~29 ياشقىچە بولغانلار ئىگەللەيدۇ... شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يېزىدىكىلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشى شەھەردىكىلەردىن بىر ھەسسە يۇقۇرى.... 15 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقۇرى ياشتىكى نوپۇس ئىچىدە نىكاھلانمىغانلارنىڭ 58% تى شىمالىي شىنجاڭدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ 82.37% جەنۇبىي شىنجاڭدا.

ئاجراشقانلار نىسبىتى شەرقىي شىنجاڭدا ئەرلەر %3.09، ئاياللار %3.3، ئومۇملاشتۇرغاندا شەرقىي شىنجاڭدا نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى %3.18، جەنۇبىي شىجاڭدا نىكاھتىن ئاجراشقان ئەرلەر %81.13، ئاياللار %84.08 بولۇپ ئومۇملاشتۇرغاندا نىكاھتىن ئاجراشقانلار %82.37نى ئىگەللەيدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا ئەرلەر %15.78، ئاياللار %12.62، ئومۇملاشتۇرغاندا

%14.45بولغان.»[17]
ئۇنداقتا نىمىشقا بۇنداق تەكشىسىز بولىدۇ؟ نوپۇس ئىستاتىسكىسىدىن قارىغاندا 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرلار جەنۇبىي شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ %80.2نى، خەنزۇلار %16نى، شەرقىي شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار %46.46نى، خەنزۇلار %44.27 نى؛ شىمالىي شىجاڭدا ئۇيغۇرلار %11.37 نى، خەنزۇلار %63.85 نى، قازاقلار %14.4نى ئىگەللىگەن، بىز مۇشۇ

ئىستاتىستىكىدىن قارايدىغان بولساق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇستا ئىگەللەيدىغان نىسبىتى يۇقۇرى بولغان جايلاردا ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقۇرى بولغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز [18].

| | 1955 | 1963 | 1964 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شەرقىي شىنجاڭ | 1.53 | 1.64 | - | 1.21 | 1.01 | 0.74 | 0.97 | 0.88 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 6.15 | - | 6.05 | 6.72 | 5.68 | 7.08 | 6.66 | 6.58 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 0.51 | 0.73 | - | 0.42 | 0.44 | 0.46 | 0.43 | 0.42 |
| پۈتۈن شىنجاڭ | 4.36 | 3.7 | 3.7 | 3.4 | 2.92 | 3.56 | 3.37 | 3.32 |

1986-يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە

نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى ئۆرلەپ 4.17%كە يەتكەن بولۇپ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشى يېڭى بىر يۈزلىنىش يەنى نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقۇرىلاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.[19]

1985-يىلى قەشقەردىكى ئىككى كەنت بىر فابرىكىدا نىكاھلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، زاۋۇدتىكى ئەرلەرنىڭ

نىكاھلىنىش قېتىم سانى 1.8 قېتىم، ئاياللارنىڭ 1.4 قېتىم بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھلىنىش قېتىم سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.63 قېتىم، خەنزۇلارنىڭ 1.06 قېتىم بولغان. مانا مۇشۇلاردىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا بالدۇر نىكاھلىنىش بىر قەدەر يۇقۇرى بولۇپ 1990 ـ يىلىدىكى

نوپۇس تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشچە، 15 ~ 17 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ئىچىدە توي قىلىپ بولغان قىزلار ئومۇمىي شۇ ياشتىكى قىزلارنىڭ %7.58نى ئىگەللىگەن. 15~19 ياشقىچە بولغان توي قىلىپ بولغان ئوغۇللارمۇ ئومۇمىي شۇ ياشتىكى ئوغۇللارنىڭ %4.64نى ئىگەللىگەن. 1990 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشچە، ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش

نسبتى 5.25% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە نىسبەتتىن 7.89 ھەسسە يۇقۇرى ئىكەن. 1982 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولىشىچە نىكاھتىن ئاجراشقان ئۇيغۇرلارنىڭ 82.37%تى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىكەن.[20]

بۇنىڭدىن باشقا، جەمئىيەت تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولىشىچە «قاراقاش ناھىيىسىنىڭ شاخاپلىق باشقۇرۇش رايونىدا، يېزا خەلق

ئىشلىرى خادىمىنىڭ نىكاھ تىزىملاش جەدۋىلىدىن بايقىلىشىچە، ئاجرىشىپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتا نىكاھلىنىش گوۋاھنامىسى ئالغىلى بارغانلار ئاجراشقانلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگەللىگەن.... قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدا 1986 ـ يىلى جەمئىي 414 جۈپ نىكاھلانغان، 368 جۈپ ئاجراشقان، ئەگەر زاۋا يېزىسىنىڭ شۇ يىلدىكى ئومۇمىي نىكاھلانغانلار بىلەن شۇ يىلى

نىكاھتىن ئاجراشقانلار سانىنى نىسبەتلەشتۈرسە، ئاجرىشىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ 22.4%نى ئىگەللەيدۇ. 1987 ـ يىلى ئاجراشقانلار نىكاھلانغانلارنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتكەن. يەكەننىڭ ئارال يېزىسىدا 1987 ـ يىلى توي قىلغان 205 جۈپنىڭ ئىچىدە 155 جۈپى ئاجراشقان بولۇپ ئاجراشقانلار توي قىلغانلارنىڭ 75.61%نى ئىگەللىگەن. مۇشۇ ئارال يېزىسىدىكى ساۋال كەنتىدە نۇسخا

ئېلىپ تەكشۈرۈلگەن 35 ئائىلە ئىچىدە 2 قېتىمدىن ئارتۇق نىكاھلانغان ئەرلەر 14 ئادەم، ئاياللار 11 ئادەم بولۇپ نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈلگەن (32ئادەم)لەرنىڭ 43.7% ۋە 40.7% نى ئىگەللىگەن. زاۋا يېزىسىدا 18 ياشتىن يۇقۇرى كىشىلەر ئىچىدە قايتا نىكاھلانغانلار نىكاھلانغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 74.8%نى ئىگەللىگەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا توي قىلغانلار ئىچىدە ئۈچتىن ئىككى قىسمى قايتا

نىكاھلانغانلار ھېسابلىنىدۇ.... ئارال يېزىسىدىكى توي قىلغان 205 نەپەر ئەر ـ ئايال ئىچىدە 155 نەپىرى ئاجراشقان، ئاجراشقان قېتىم سانى 292 قېتىمغا يەتكەن، ھەر بىر ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 88. 1 قېتىمدىن ئاجراشقان، ئەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئاجراشقىنى 8 قېتىم، ئاياللىرىنىڭ 5 قېتىم. ئەگەر 1 ـ قېتىم توي قىلغان ۋە ئاجراشقان، جۆرىسى قازا قىلغاندىن كېيىن قايتا توي قىلغانلارنىڭ

ھەممسنى ھېسابلايدىغان بولساق، ھەر بىر ئادەم ئۆمرىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.5 قېتىمدىن نىكاھلانغان بولىدۇ. زاۋا يېزىسىدىكى 67 كىشىنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولىشچە، 35 ياشقىچە 2 قېتىمدىن ئارتۇق نىكاھلانغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %64.1نى ئىگەللىگەن. 36 ياشتىن 49 ياشقىچە بولغانلار ئىچىدە 2 قېتىمدىن ئارتۇق نىكاھلانغانلار

ئومۇمىي سانىنىڭ 83.5%نى، 50 ياشتىن يۇقۇرىلار ئىچىدە 2 قېتىمدىن ئارتۇق نىكاھلانغانلار 81.5%نى ئىگەللىگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە نىكاھلانغان قېتىم سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى 33 ياشتىكىسى 6 قېتىم، 68 ياشتىكىسى 7 قېتىم نىكاھلانغان.... زاۋا يېزىسىدىكى 50 ياشتىن ئاشقان ئاياللار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.74 نەپەر پەرزەنتلىك بولغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ساق چوڭ بولۇش نىسبىتى

57.89% بولغـــــان.... 1990 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولـــشىچە ئۇيغــۇر ئايـــاللىرى 4.65 قېتىمدىن يەڭگىگەن... .»[21]

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن يۈننەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئالىملارنىــڭ قەشـقەر كونـــا شـــەھەر مۇســۇلمانلار كەنتىــدە ئېلىــپ بارغــان تەكــشۈرۈشتىن مەلــۇم بولىشىچە «مۇسۇلمانلار كەنتىدە قايتا نىكاھلىنىش نىـسبىتى يۇقـۇرى بولـۇپ 34.52%كە يەتـــكەن، بولۇپمـــۇ

كەنتتكى ياشتا چوڭلارنىڭ ئىچىدە ئۆمرىدە 3~4 قېتىم توي قىلغانلار بار....»[22]

1990 ـ يىلىدىكى 4 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولىشىچە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى 5.25%، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 5.23%نى، ئاياللار 5.27% نى ئىگەللىگەن، شىنجاڭ بويىچە ئاجرىشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقۇرى

مىللەت ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. 2000 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجرىشىش نىسبىتى 4.2%نى ئىگەللىگەن. 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قايتا نىكاھلىنىش نىسبىتى 18.95%كە يېتىپ يۇقۇرى چەك ياراتقان.[23]

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنى تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

| 2000 | 1990 | |
|---|---|---|
| 4.2% | 5.25% | ئۇيغۇر |
| 0.78% | 0.57% | قازاق |
| 1.53% | 1.06% | خەنزۇ |
| 1.27% | 0.09% | موڭغۇل |
| 3.5% | 3.2% | قىرغىز |
| 2.91% | 4.92% | جەنۇبىي شىنجاڭ |
| 0.5% | 1.08% | شىمالىي شىنجاڭ |
| 1.81% | 1.56% | شەرقىي شىنجاڭ |
| 2.61% | 2.82% | پۈتۈن شىنجاڭ |

جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىش، مۇمكىنكى
ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش

نىسبىتى ھەممىدىن يۇقۇرى بولۇپ قالماستىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتىدىنمۇ بىر ھەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ، ناۋادا، بىز بۇ نىسبەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگەللەيدىغان نىسبىتىنى ئويلايدىغان بولساق، ئوتتۇرىچە نىسبەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

مانا بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ

يۇقۇرى بولىشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نوپۇس تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدە 1980 ـ 1990 ـ يىللىرىدا نىكاھلانغان ۋە نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ نىسبىتى ئايرىم ئايرىم ھالدا 100:49.4 ۋە 100:46 بولغان. يەكەندىكى ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈشنىڭ

كۆرستىشچە، نىكاھتىن ئاجراشقانلار ئاھالىنىڭ 75% تىن ئاشقان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 1987 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشچە، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ شاخال كەنتىدە 205 نەپەر تويى قىلغان ئەر ـ ئايال ئىچىدە، نىكاھتىن ئاجراشقانلار 155 نەپەر بولۇپ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 75.61% نى ئىگەللەيدۇ. بۇ 155 نىكاھتىن ئاجراشقۇچىلارنىڭ ئاجرىشىش قېتىمى 292 قېتىم بولۇپ

ھەر بىر كىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.8 قېتىمدىن ئاجراشقان[24].

ھازىر ئۇيغۇرلاردا كىچىك ئائىلىلەر شىددەت بىلەن كۆپەيگەن بولۇپ بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتىمۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغان (بىز بۇ يەردە مۇندىن 2000 يىللار بۇرۇن تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا كۆپ جاينىڭ ئائىلىلەردىكى ئوتتۇرىچە جان سانى

9~7 ئەتراپىدا بولغانلىقىنى تارىخ ماتېرىياللىرىدىن كۆرەلەيمىز، بۇ شەكسىزكى نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ بىرگە ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ)، لېكىن ھازىرقى زاماندا نېمە ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئۇششاق ئائىلىلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ؟ ھازىر ئۇيغۇر مىللىتىدە 3 ~ 5 كىشىلىك ئائىلىلەر 51.01%نى ئىگىلىگەن بولۇپ مەملىكەتنىڭ شۇ خىلدىكى ئائىلىلەر ئوتتۇرىچە نىسبىتىدىن 16.27 پوئىنت

تۆۋەن. ئۇنداقتا بىز، تەرەققىيات ۋە باياشادلىق نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ ئاساسمۇ دەپ ئويلاپ قالىمىز، لېكىن بۇنىڭ ھېچ بىر ئاساسى يوق ئىكەنلىگى نامايەن بولىدۇ، چۈنكى ئوخشاش تەبىئىي شارائىت، ئوخشاش ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشاۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىگى، لېكىن نىكاھتىن

ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ناۋادا زامانىۋىلاشقان، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتتىكى مىللەت ۋە دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئەھۋالنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز. 1994 - يىلى ئاۋىستىرالىيەدە ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە 2.7 جۈپ كىشى نىكاھتىن ئاجراشقان، 1995 - يىلى تۈركىيەدە ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە

0.5 جۇپ ئادەم نىكاھتىن ئاجراشقان، ئامىرىكىدا ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە نىكاھتىن ئاجراشقانلار 4.4 جۇپ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يۈز ئادەمنىڭ ئىچىدە 5.25 ئادەمنىڭ ئاجراشقانلىقىنى ئويلاشساق ھەر 10 مىڭ ئۇيغۇر ئىچىدە 262.5 جۈپنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلىقى بىلەن سېلىشتۇرما قىلالايمىز. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2006 ـ يىلى 22 ـ ماي سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىدىن قارىغاندا،

ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېز ئاشقان. دۇنيادا نىكاھتىن ئاجرىشىشتا ئامېرىكا بىرىنچى ئورۇندا، ئەنگلىيە 2 ـ ئورۇندا، كورىيە 3 ـ ئورۇندا تۇرىدىكەن. 2002 ـ يىلى كورىيەنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى تارىختا ئەڭ يۇقىرى بولغان بولۇپ ھەر 10 مىڭ جۈپ ئەر ئايالنىڭ 28جۈپى نىكاھتىن ئاجراشقان. ھىندىستان 2004 ـ يىلى كەلگەندە

ئاجرىشىش نىسبىتى 10 يىل ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە ئاشقان بولۇپ 0.58% بولغان. زامانىۋىلىشىش جەھەتتە يۇقىرى 3 دۆلەتنىڭ بىزدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق، ماددىي مەئىشەت، ئاڭ جەھەتتىن بىزدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىگە ھېچ كىشى گۇمان قىلمايدۇ. ئۇنداقتا مۇسۇلمانلاردا نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى يۇقۇرىمۇ؟ ياق، تۆركىيىلىكلەرنىڭ 99% تى ئىسلام

دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ناۋادا باشقا مەملىكەتلەردىكى مۇسۇلمان ئاھالىلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنى كۆرسەك، بۇ خىل گۇمانىڭمۇ پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىمىز، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل نىكاھتىن ئاجرىشىش ھادىسىسى كۆپ يۈز بېرىدۇ؟ بۇ مەسىلە ھەممە كىشى ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدۇر.

ئۇيغۇر ئاھالىلىرىدە خىروئىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىزنىڭ يامرىشى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان كېرىزىسنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئائىلىۋى تەربىيىنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى، ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەلگە بولۇپ قالدى.

«تەڭرىتاغ» تور بېكىتىدىن ئېلىنىپ «ئىزدىنىش» تور بېتىدە ئېلان

قىلىنغان بىر ئۇيغۇرچە ئۇچۇردىن مەلۇم بولۇشىچە، 2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ ئايغىچە ئۆرۈمچىدە 303 نەپەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يېڭىدىن يۇقۇملانغۇچى بايقالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ سان 3165 كە يەتكەن، بۇ كېسەل ۋىرۇسنى يۇقتۇرۇۋالغانلار 30 مىڭدىن ئاشقان دېيىلگەن.

«ئىزدىنىش» تور بېتىنىڭ «ئۆزىمىزگە نەزەر» سەھىپىسىگە يېزىلغان «ياشلىرىمىزنى

قۇتقۇزۇۋالايلى» دېگەن تېمىدىكى ئۇچۇردا «ئۈرۈمچى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، كاندا ھازىر 2000 غا يېقىن ئىشچى ئىشلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 600 ئۇيغۇر بالىسى ئاق تاماكا چېكىدىكەن (ھۆكۈمەت تەرەپ ئېنىقلىغىنى دەپ ئىزاھات بېرىلگەن بولسىمۇ قانچىلىك ئاساسى بارلىغى نامەلۇم ـ ستاتا ئالغۇچى)... نەشە چېكىدىغانلارنى دېمەيلا

قويباي... بۇ 600 ئۇيغۇر بالىسىنىڭ كۆپۈنچىسى ئائىلە قۇرغان ياكى ئىككىدىن بالىسى بار... »
دېيىلگەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر گېزىت «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئۇيغۇرچە 2004 ـ يىللىق 8 ـ ئىيۇل ساندىكى «قورقۇنۇچلۇق سان: ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار تەخمىنەن 60 مىڭدىن ئاشتى» ناملىق خەۋەردە:

«70% ناھىيە شەھەردە ئەيدىز
ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار
بايقالدى، يۇقتۇرۇۋېلىش سەۋەبى
ئېنىق بولمىغانلارنىڭ سانى داۋاملىق
كۆپەيمەكتە. بۇ يىل ئاپتونوم
رايونىمىز قان ئېلىش ۋە قان بېرىشكە
بولغان باشقۇرۇشنى ھەمدە
دوختۇرخانىلارنىڭ دېزىنفېكسىيە
ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، ئەيدىز
كېسىلىنىڭ دوختۇرخانىلاردىن
تارقىلىشىنى توسىدى. 4-ئىيۇل

ئاپتونوم رايونلۇق ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش يىغىنىدىن ئىگىلىنىشىچە، 2004 ـ يىلى مايىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دوكلات قىلىنغان يۇقۇملانغۇچى 8773كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 13%نى ئىگەللەپ، يۈننەن، خېنەن، گۇئاڭشىنىڭ كەينىدە يەنى 4 ـ ئورۇندا تۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 202 ئادەم، ئۆلگەنلەر 67

ئادەم، ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە 77% ناھىيە شەھەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنى دوكلات قىلغان، يۇقۇملىنىش دائىرىسى داۋاملىق كېڭەيمەكتە ئىكەن. مۆلچەرلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەملىي يۇقۇملانغانلار 60 مىڭدىن ئاشىدىكەن. يېقىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇت مۇنداق دېدى: توققۇز يىل ئىچىدە ئۈرۈمچى ۋە ئىلى دوكلات قىلغان

يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى ئاپتونوم رايون بويىچە دوكلات قىلىنغۇچىلار ئومۇمى سانىنىڭ 84.5%ئىنى ئىگىلىدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئاقسۇ ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە يۇقۇملىنىش سۈرئىتى بىر قەدەر تېز بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق يۇقۇش ۋە سەۋەبى ئېنىق بولمىغان يۇقۇش نىسبىتى داۋاملىق

ئاشتى.
كۆرەش مەخسۇت مۇنداق دېدى: ھازىر كۆپ ساندىكى دەسلەپكى يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كېسىلى ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلىپ، ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىن. ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرىدىغان دورا بىلەن تەمىنلەش يولى بەرپا قىلىش ۋە يۇقۇملىنىشقا قارشى داۋالاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى

بولۇپ قالدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەيدىز كېسەللىكى قان ئېلىش، قان بېرىش، داۋالاشتا تازىلىققا دىققەت قىلماسلىق ۋە ھۆسسۆن تۆزەش قاتارلىق ھالقىلاردىن يۇقۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون قان ئېلىش، قان بېرىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ. داۋالاش ئورگانلىرى بىر قېتىملىق شپرىس، بىر قېتىملىق سۇيۇقلۇق بېرىش ئەسۋابىنى ئىشلىتىشنى

ئومۇملاشتۇرۇشى، ئىغىز بوشلۇقى، ئوكۇل، ئوپېراتسىيە بۆلۈمگە بولغان نازارەت ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.
ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونىمىز سىلىنمنى ئاشۇرۇپ، بۇ يىل يىل ئاخىرىغىچە ئەيدىز كېسىلىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئايرىپ چىقىدىغان تەجرىبىخانىدىن 150نى قۇرىدىكەن، 2005 ـ يىلى 200گە يەتكۈزىدىكەن.»
«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2004 ـ

يىللىق 3 ـ ئىيۇل ساندا ئېلان قىلىنغان «ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە» دېگەن خەۋەردە «1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن تۇنجى يۇقۇملانغۇچى بايقالغاندىن بۇيان، ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ يۇقىشى تېز بولدى، يەنى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار يىلىغا مىڭ كىشىدىن كۆپەيدى..... يېقىنقى ئىككى

يىلدىن بۇيان، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار زەھەر چېكىدىغان كىشىلەردىن ئادەتتىكى كىشىلەرگە قاراپ كېڭەيدى، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلدار ئاياللار، بوۋاقلار تېز كۆپەيمەكتە.» دېيىلگەن.

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 2004-يىلى 11-ئاينىڭ 21-كۈنى ئېلان قىلغان خەۋەردە مۇنداق دېيىلدۇ: «11-ئاينىڭ 19-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى

رايونمىزنىڭ ئەيدىز كېسەلگە ئائىت ئەڭ يېڭى خەۋەرنى ئېلان قىلدى، بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرى، 75 ناھىيە، شەھەر، رايوندىن دوكلات قىلىنغان ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ ئومۇمى سانى 9346، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىز كېسىلى بولغانلار 212، ئۆلگەن ئەيدىز بىمارى 69. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن

يۇقۇملانغۇچىلار ئاساسلىقى ئۆرۈمچى ۋە ئىلى ئوبلاستىغا توپلاشقان.... ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئىچىدە ئەرلەر ئاياللاردىن كۆپ، ئەرلەر 85.8%نى، ئاياللار 14.2%نى ئىگىلەيدۇ، يۇقۇملانغۇچىلار ئىچىدە 20~40 ياشقىچە بولغان ياشلار 89.5%نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىگى زەھەرلىك چېكىملىكنى

تومۇرىغا ئۇكۇل قىلىشتا شپرىسنى ئورتاق ئىشلىتىشتىن تارقالغىنى ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ، بۇ خىل تارقىلىش ئۇسۇلىدا يۇقۇملانغانلار %88.6نى ئىگەللەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنرەك تۇرىدىغىنى جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن يۇقۇش بولۇپ يۇقۇملانغانلارنىڭ %3.6نى ئىگەللەيدۇ....» («شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2004-يىل 30-نويابىر ساندىكى خەۋەردە يېزىلىشىچە 9346

نەپەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى ئىچىدە 8018 نەپىرى ئەر، 1328 نەپىرى ئايال كىشى ئىكەن. 1999 ـ يىلى ئاياللار 288 نەپەر بولغان بولسا 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايغا كەلگەندە كۆپىيىپ 977 گە يەتكەن. ئەرلەرنىڭ سانىنىڭ بۇنداق كۆپ بولىشى شەكسىزكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق يۇقىشىنىڭ، شۇ ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىدىن بالىغا ھامىلە ۋاقتىدىلا يۇقۇشىنىڭ كەلگۈسىدە

ئاشۇرۇلغانلىقىنى دىرەك بەرمەكتە).
«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى خەنزۇچە سانىدا «... بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ ئومۇمى سانى 9346 گە (ئەملى يۇقۇملانغانلار بۇنىڭدىن كۆپ بولۇشى ئېھتىمال) يەتكەن بولۇپ مەملىكەت بويىچە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئەڭ ئېغىر ئۆلكە،

ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى بولغان... يۇقۇملانغان ئەرلەر 8018... ئاياللار 1328.... يۇقۇش يولى ئېنىق بولمىغان يۇقۇملانغۇچى 6.07%نى، ئانىدىن بالىغا يۇقۇشى 0.15%نى، باشقا يول بىلەن يۇقۇشى 1.58%نى ئىگەلەيدۇ.... ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇملانغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان 3 ۋىلايەت ئىچىدە ئىلى ئوبلاستىغا تەۋە جايلاردىكى يۇقۇملانغۇچىلار 43.57% نى، ئۈرۈمچىدىكى يۇقۇملانغۇچىلار

40.62%نى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى يۇقۇملانغۇچىلار 4.56%نى ئىگەللەيدۇ.... لېكىن جىنسى ئالاقە ۋە ئانىدىن بالىغا يۇقۇش ئارقىلىق يۇقۇملانغان ئەيدىز بىمارىنىڭ نىسبىتى ئاشماقتا، يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان، ئاياللارنىڭ يۇقۇملىنىشى كۆرۈنەرلىك ئاشقان....»

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 2004-يىلى 25-نويابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان خەۋەردە: «22-نويابىر

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تېزگىنلەش مەركىزى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەيدىز كېسىلى يۇقۇم ئەھۋالىنى ئېلان قىلدى، ئۈرۈمچى شەھرىدە 1995 ـ يىلى قان تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدىن ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان بىر ئادەم بايقالغاندىن تارتىپ، بۇ يىل ئىيۇننىڭ ئاخىرىغىچە، مەلۇم قىلىنغان ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ

سانى 3580 گە يەتتى.

ئىگىلىنىشچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ يىللىق كۆپىيىشى 400 ئەتراپىدا بولۇپ يۇقۇملانغانغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئەر - ئاياللارنىڭ نىسبىتى 5.09:1، ئەيدىز كېسىلى يەنىلا زەھەر چېكىشتە شپرىسنى ئورتاق ئىشلىتىشتىن يۇققان بولۇپ يۇقۇملانغۇچىلار ئومۇمى سانىنىڭ 92.07%نى ئىگەللىگەن.»

«تەگرتاغ تورى» مۇخبىرىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشخانىسىدىن ئىگەللىشىچە، بۇ يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى شەھرىدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن ئەمەلىي يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 30 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ ھەر 200 ئادەم ئىچىدە 3 كىشىنىڭ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ئېلىمىزدە 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرى

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. ئەيدىز كېسلىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تارقىلىش يوللىرى مۇنۇ ئۈچ خىل بولۇپ: بىرىنچىسى، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ زەھەرنى ئۇكۇل قىلىش داۋامىدا شپرىسنى ئورتاق ئىشلىتىش ئارقىلىق يۇقۇش (ئېلىمىزدە مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا يۇققانلار ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ 76.51%

نى ئىگەللەيدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلدا يۇقۇملانغۇچىلار شىنجاڭدا 97.37%، سىچۇئەندە 92.27%، يۈننەندە 83.22%، گۇئاڭشىدا 78.97% ئىگەللەيدۇ)؛ زىنا ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن يۇقۇش؛ قان سېلىش (قان ياسالمىلىرىدىن) يۇقۇشتىن ئىبارەت. شىنجاڭدا 2001-يىلى 9-ئايغا قەدەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 2389 كىشى بولۇپ 600 كىشى ئۆلگەن.

بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى 42%، غۇلجا شەھىرى 45% نى ئىگەللىگەن. بىز بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرگىنىمىزدە، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۆز ـ ئارا يۇقتۇرغىنىدىن سىرت يەنە ئانىدىن بالىغا يۇقىدىغان يۇقۇشنىڭ يۇشۇرۇن خەۋپىنىمۇ ئەسكە ئېلىشىمىز كېرەك.

بەزى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، «1996 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە پاھىشۋازلىق ۋە پاھىشلىق بىلەن

قولغا ئېلىنغانلار 4 مىليون 200 مىڭغا يەتكەن، ئەمەلىيەتتە پاھىشىۋازلىق ۋە پاھىشىلىق قىلىدىغانلار قولغا ئېلىنغانلار سانىنىڭ 10 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ.»[25]

ھازىرقى ئەمەلىيەت ئەھۋالىنىڭ 1996 ـ يىلىدىكىدىن كۆپ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئەينى يىللاردىكىدىكى ئەھۋاللار ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى ئىدى، مانا ھازىر كاماندىروپكىغا چىقىسىڭىز ياتىقىڭىزدا

خاتىرجەم ئۇخلىيالمايسىز، سىز مەيلى قانداق ۋاقىتتا كېلىڭ «ـ مۇلازىمەت لازىمـمۇ؟ قىزلىرىمىـز چىرايلىـق، يېڭىـدىن كەلـدى.» ـ دېـگەن تېلېفونلار ئارامىڭىزنى بۇزۇدۇ، نـاۋادا «ھەئە» دەيدىغان بولسىڭىز پادىـدەك كىرىـپ تاللىـشىڭىزنى، باھـا تالىششىڭىزنى كۈتىدۇ. خاتـا كىرىـپ قالغـاننى باھـانە قىلىـپ ياتىغىڭىزغـا كىرىـدىغان ئەھۋاللارمـۇ بـار. ئەرلەر ئۈچۈنلا مۇلازىمەت قىلماستىن، ئاياللار

ئۆچۆنمۇ مۇلازىمەت قىلىدىغان كەسپلەر بارلىققا كەلگەن. كەچلىكلىرى كوچىدا شەرەتلەش ھەتتا چاقىرىش ئۇمۇملاشقان. نامدا ساتراچخانا، ھۆسۆن تۆزەش ئورنى دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ، ئەمەلىيەتتە پاھىشىۋازلارغا سورۇن ھازىرلاپ بېرىدىغان ئەھۋاللار ئۇمۇملاشقان. بۇرۇن شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان بولسا، مانا ئەمدى يېزا ـ بازارلارغىچە كېڭەيمەكتە، بۇ خىل يامان سۆپەتلىك

قىلمىشىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى مۆلچەرلەش قىيىن. ھازىر كىشىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە سالامەتلىككە سەل قاراش خاھىشى كۆپ بولغاچقا، جىنسىي ئامىل ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن يۇقۇملانغانلاردىن خېلى كۆپى ئېنىقلانمىغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ھازىر چوڭ شەھەرلەردىكى «ئىش ئورنىدىن قالغان» پاھىشىلەر كىچىك ناھىيە، شەھەرلەرگە، يېزا بازارلارغا كېلىپ «ئىش ئورنى

تاپتى». «باھا جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش» ئارقىسىدا بوروُنقى مائاشلىقلار باردىغان بوُ يېڭى «ئالتوُن ئوُچ بوُرجەك»، «قىزىل چىراق كوچىلىرى» مانا ئەمدىلىكتە ئىشسىز ياشلار ۋە دېھقان چارۋىچىلارغىچە ھەتتا ئوُسمورلەرگىچە كەڭ قوُچاق ئاچتى، شوُڭا ئەيدىز كېسىلى بىلەن يوُقوُملانغانلار ئىچىدە 20~40 ياشقىچە بولغانلارنىڭ نىسبىتى يوُقىرى بولدى. ئەيدىز كېسىلىنىڭ يوُشوُروُن مەزگىلى

يۇقتۇرۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەزگىلى بولۇپ كەلگۈسىدە يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ تېز سۈرئەتتە ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 2004-يىل 30-نويابىر سانىدا يېزىلىشىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر ئەمەلدارى جوڭگودا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشتا ئەر-ئاياللارنىڭ نىسبىتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى، بۇ نىسبەت ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ ئادەتتىكى

خەلققە قاراپ يامراۋاتقانلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مانا بۇلار خەۋپنىڭ ھەر بىرىمىزگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىز ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى ئارقىلىق نىمىلەرنى چۈشىنىمىز؟ ناھايىتى ئېنىقكى سانلىق مەلۇماتلار ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئاساسلىقى خىروئىن ۋاستىسى بىلەن

يۇقۇقانلىقىنى كۆرسەتتى، ئىككىنچىدىن زىنانىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھەم ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بەزى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ %80نى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدىكەن، مانا مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە كېلىۋاتقان خەۋپنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشىنىڭ جوڭگو

نوپۇس تەرەققياتىغا تەسىرى ھەققىدە دەستىلەپكى ئىزدىنىش»تە ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەملىكىتىمىزدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 1 مىليوندىن ئاشقان، قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە ھەر مىڭ ئادەمنىڭ بىرى دېگەنلىكتۇر. ھازىرقى مۇشۇ تەرەققىيات سۈرئىتىدە تارقالسا 2010 ـ يىلىغا بارغاندا 10 مىليونغا

يېتىپ، يۈز ئادەمنىڭ بىرى يۇقۇملىنىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان يېتىملار 2001 ـ يىلى 76 مىڭغا يەتكەن، 2005 ـ يىلى 206 مىڭغا يېتىدىكەن. جوڭگودا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 8% نى ئىگەللىسىمۇ، ئېنىقلاپ چىققان ئەيدىز بىمارلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلىرى 36%نى ئىگەللەيدۇ، ئەيدىز ۋىرۇسى كۆپ

تارقالغان رايونلار يۈنىەن، شىنجاڭ ۋە گۇئاڭشىلار بولۇپ يۈنىەنىدە يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ 80% ئاز سانلىق مىللەت، يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ 99% پىرسەنتى دەيزۇ مىللىتى ئىكەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يۇقۇملانغۇچىلار مەملىكەت بويىچە يۇقۇملانغۇچىلار ئومۇمى سانىنىڭ 13%نى ئىگەللەيدۇ. بەزى ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ش ئۇ ئا ر دا ئەيدىز بىلەن

يۇقۇملانغانلارنىڭ %92تى ئاز سانلىق مىللەت، بۇنىڭ ئىچىدە %88تى ئۇيغۇرلار ئىكەن. ناھايىتى ئېنىقكى خەتەر يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئەيدىز ۋە خىروئىن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىش بىلەن بىرگە، بىر تۈركۈم يېتىملارنى (بىر تۈركۈم يېتىملارنىڭ يۇئۇقۇملىنىدىغانلىغىدا شۈبھە يوق) جەمئىيەتكە يۈك قىلىپ تاشلايدۇ، بۇ يېتىملار جەمئىيەت

ئۆچۈن يوك بولۇپ تەرەققىيات ۋە ساغلاملىقتا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇنۇ بايانىنى كۆرۈش ئارقىلىق قېرىنداشلىرىمىزنى ئويلىنىشقا دەۋەت قىلماقچىمەن.

«ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى»دە مۇسۇلمان بولمىغان ئوغۇزلار ھەققىدە مۇنداق بايانلار بار: «ئۇلار زىنا دېگەن مەسىلىنى بىلمەيدىكەن.

بۇنداق گۇناھ قىلغان بىرى مەلئۇم بولۇپ قالسا، ئۇنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلايدىكەن. يەنى ئۇنى ئىككى دەرەخنىڭ شېخىنى بىر يەرگە قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا باغلاپ، دەرەخ شاخلىرىنى قويۇۋېتىدىكەن. شاخلار ئەسلى ھالىتىگە قايتىشى بىلەن ھېلىقى ئادەم ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدىكەن. . . »[26]

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن بۇيان زىنا ئوخشاشلا چەكلىنىپ

كەلگەن، زىنا قىلغۇچى بايقالسا چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. كىروران رايونىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىكى خاتىرىلەر مۇندىن 2000 يىللار بۇرۇنلا زىنانى چەكلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. قېرىنداشلار ئويلىنايلى، ھەر قاچان ھەر زامان ئائىلىمىزنى، پاك جۈرىلىرىمىزنى، بالىلىرىمىزنى ئويلايلى، زىنادىن يىراق بولايلى، بولمىسا بىزنى كۈتىدىغىنى ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىپ شەرمەندىلەرچە

ئۆلۈش ۋە پۈتۈن ئائىلنى ۋەيران قىلىشتۇر. ھازىر دۇنيادا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاكسىنىسىنى ئىزلىمەكتە، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ۋاكسىنىسى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تېپىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىسىل ئەخلاقىي پەزىلەت، ناۋادا ھەممە كىشى ئومۇمىي، ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلسا، زىيانلىق بولغان زەھەرلىك چېكىنلىكتىن خالىي بولسا، زىنادىن يىراق بولسا ئەيدىزدىن ئەنسىرەش نە

هاجەت؟ بۇ جەھەتتىن دۆلەتنىڭ پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشى، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەلەپلىرى ناھايىتى ياخشى بولغان، لېكىن بۇنىڭ ئىجرا بولۇشى بىر مەسىلىدۇر. مېھمان ـ ساراي ۋە باشقا جايلاردا گاڭدون بىلەن تەمىنلەش ــ مەقسەدنىڭ ئەكسى ھالدا خۇددى دۆلەت زىناغا يول قويغاندەك تەسرات

پەيدا قىلماقتا، دۆلەت زىناغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىشنى مۇھىم ئىش تەرتىۋىگە قويمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتمەكتە.
بىز يۇقۇرىدىكى ئېنىق سانلىق پاكىتلار بىلەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ پاجىئەگە گىرىپتار بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق، بۇ پاجىئەلەر تويدىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەنئەنىۋي ئائىلە، نىكاھ قارىشىنىڭ بولماسلىقى بۇ پاجىئەنىڭ

باشلانمىسدۇر. ياشلارنىڭ ئائىلە قۇرۇشى ۋە ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى پاجىئەلەرنىڭ راۋاجلىنىشى بولدى. خىروئىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى، داۋاسى يوق كېسەل ئەيدىزنىڭ تارقىلىشى، باللارنىڭ يېتىملىك يولىغا تاشلىنىشى، خوتۇن-قىزلارنىڭ مۇھتاجلىق ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئېيىپتىنى سېتىشى، ئەرلەرنىڭ زىنا ۋە قىمارغا بېرىلىشى... بۇنىڭ بىۋاستە

نەتىجىسىدۇر. ئۇنداقتا بۇ پاجىئەلەر نىمە سەۋەبتىن يۈز بېرىدۇ؟
جەمئىيەت تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولىشىچە، ئۇيغۇر مىللىتى زەھەر سودىسى، شەھۋەتپەرسلىك، زەھەر چېكىش، تېرورلۇق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى، خىيانەتچىلىك، نومۇسىنى سېتىش، پارا ئېلىش، ئوغۇرلۇق، قىما، ئالدامچىلىق، پارا بېرىش[27] قاتارلىق قىلمىشلىرىدىن ئەڭ نەپرەتلىنىدىكەن. مۇشۇلارنى

رەتــــــكە تۇرغۇزســـــــا زەھەر ۋە شەھۋەتپەرەسلىك ئالدىنقى 3 ئـورۇننى ئىگەللــەن، مانـــا مۇشـــۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زەھەر ۋە زىنانىڭ ئەڭ كۆپ قىلمىش ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدۇ. مانا بـۇلار ئۇيغـۇر جەمئىيـتىگە، ئـائىلىلىرىگە زور تەسـىر كۆرسەتكەن ئامىللار ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغـۇرلاردا ئىنكـاھ يېڭـى زامانغـا كەلگەندە پۈتۈنلەي ئەركىن مۇھەببەت باســــــقۇچىغا قەدەم قويـــــدى،

ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان سىڭگەنسى كەلگەن ئەركىن مۇھەببەت كەڭ قۇچاق ئاچتى، ناۋادا ئۇيغۇر خەلقى ئۆزۈن زاماندىن بېرى يادلاپ ئېيتىپ كېلىۋاتقان «تاھىر ـ زۆھرە»، «غېرىب ـ سەنەم»، «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانلىرىدىكى پېرسوناژلار بۈگۈن بولغان بولسا مۇراد مەقسىدىگە يېتىپ ئائىلە قۇرغان بولار ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئائىلىسى، ئائىلە مۇھتى ۋە مەدەنىيتى،

پەرزەنتلىرى قانداق بولار ئىدى؟ ئۇلارمۇ ئاجرىششپ كېتەرمىدى؟ نازۇكۇم ۋە ئۇچتۇرپاندىن چىققان يەتتە قەھرىمان خوتۇن بىزنىڭ هازىرقى هالىتىمىزنى بىلسە نىملەرنى دەر؟ بولۇپمۇ هازىرقى خوتۇن قىزلارنىڭ كىچىككىنە مۇھتاجلىق ياكى شۆھرەتپەرەسلىك تۈپەيلىدىن مىللىتىنى، دىننى ئېتىقادىنى، ئەخلاقىنى، شەرم هايانى ئۇنتۇپ باشقىلارغا باش ئەگكىنىنى، ئېپپىتىنى

ساتقىننى بىلسە قانداق بولار ئىدى؟
ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى نەۋائى
بىر ئۆمۈر توققۇزى تەل بولسىمۇ تەنها
ياشىغىنى، ئۇلۇغ ئۇيغۇر پەيلاسوپى
فارابىنىڭمۇ تەنهالىق ئىلكىدە تەتقىقات
بىلەن شۇغۇللانغىنى، بىزنىڭ
بوگونكى كوندە «موللامنىڭ دېگىنىنى
قىل، قىلغىنىنى قىلما»، «موللام
ھەممىنى بىلىدۇ، موللام قۇپۇپ كۆلگە
سىيىدۇ.» دېگەن ماقاللاردىكىدەك
موللاملارغا ئوخشاپ قالغان

زىيالىيلىرىمىزنى قانداق چۈشۈنەر؟
ئەمدى مەسىلىنىڭ ئۆزىگە قايتساق،
ئۇيغۇرلاردا ئائىلە، مەۋجۇدىيەت،
ئەۋلاد قارىشى ئىنتايىن كەمچىل.
قىزلىرىمىزنى ئېيتساق ئەركىن
مۇھەببەتلىشىپ ياتلىق بولۇشقا رازى
بولىدۇ يۇ، توي كۈنى ھۆكۈرەپ
يىغلايدۇ، بۇ بەلكىم بەختسىزلىكنىڭ
باشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. ئاق، پاك
قەلبىگە سىمۋول قىلسا نىمە دەي،
پاكىز، كىرسىز ئۇيغۇر كىيىملىرىنى

كيشىنىڭ ئورنىغا نەچچە ئون ئادەم كىيگەن، ئىجارىگە بېرىلىدىغان ياۋروپانىڭ توي كىيىمىنى كىيىپ توي قىلىدۇ، ئۇيغۇر كىيىمىنى كىيسە نىكاھى ئوقۇلماي قالىدىغاندەك، تويى بۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەك، بەختسىز بولۇپ قالىدىغاندەك. 8 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقىنىڭ خاقانى تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسى تەيخې بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمى «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە

مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قاغان ئالدى بىلەن راۋاقتا چىقىپ كۆن چىقىش تەرەپكە قاراپ ئولتۇرىدۇ، راۋاقنىڭ ئالدىغا كىگىز ئۆي تىكىلىدۇ، مەلىكە شۇ ئۆيدە تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى باش كاھىن مەلىكىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆگىتىدۇ. مەلىكە خەنزۇچە كىيىم كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ ئۇيغۇرچە ياسىنىدۇ، ئاندىن بىر ياشانغان يەڭگىنىڭ ھەمراھلىقىدا راۋاقنىڭ

ئالدىغا بىرىپ كۆن پېتىشقا قاراپ (قاغانغا قاراپ) تازىم قىلىدۇ. قاغان ئولتۇرۇپ ئۇنى كۆزىتىدۇ.»[28]

بىز ئۆزىمىزنى مۇندىن 1000 نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇر خاقانى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى؟ ئۇيغۇر خاقانى ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان تاڭ پادىشاھىنىڭ قىزىنى تويدا ئۇيغۇرچە ياساندۇرۇپ نىكاھىغا ئالغان. بىزدە ئىككى ئۇيغۇر ياش توي قىلسىمۇ، ئۇيغۇرچە كىيىم

كەيمەستىن بۇرۇنقى تىوي قىلغانلار كەيگەن كونا كىيىملەرنى كىيدۇ، بۇ نىمە ئۈچۈن؟

نېمە دېگۈلۈك، ياخشىسى ھەممە كىشى ئويلىنىپ كۆرۈشى لازىم، مۇشۇ تىوي مۇراسىمىنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ ئائىلىگە، مىللەتكە، ئۆرپ ـ ئادەتكە، كېلچەككە تۇتقان پوزىتسىيىمىزنىڭ ناھايىتى غۇۋالىقىنى، جۈملىدىن مۇستەقىل بىر تۇرمۇش قارىشىنىڭ يوقلىقىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

خوش، توي بولۇپ ئائىلە قۇرۇلدى، بۇ ئائىلە قانداق ئىجتىمائىي مۇھىتقا دۇچ كېلىدۇ؟

يېڭى دۇنياغا كەلگەن بۇ ئائىلىدىكى ياشلار دۇچ كېلىدىغان ئەڭ ئاۋۋالقى مەسىلە، يېڭى ۋۇجۇدقا كەلگەن ئائىلە بىلەن ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇققانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بىز يۇقارقى ستاتىستىكىلاردىن، ناھايىتى كىچىكلا ئۆيلۈك ئۇچاقلىق

بولىدىغانلىقىدەك ئەمىلىيەتنى كۆرۈپ ئۆتتۇق، ئۇلارنىڭ ئائىلە، تۇرمۇش، خىزمەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن تەجرىبىسىز بولغاچقا ناھايىتى تېزلا زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ، زىددىيەت ئىككى ياش ئارىسىدىلا بولۇپ قالماستىن، ئاتا ـ ئانا ۋە قىز يىگىتلەرنىڭ بىر تۇغقانلىرى ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ، بۇ زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ. زىددىيەتلەر كۆپىيىنچە ئۆتكۈرلىشىپ ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران

بولشنى كەلتۈرۈپ چقردۇ، مانا
بۇ هازرقى ئۇيغۇر جەمئيتدە
ئومۇمي ۋە ئۆتكۈر زددیەت
هېسابلندۇ. ئەمەليەتتە ناهايتى
ئاسان هەل بولدغان زەررچە
زددیەتلەرمۇ چوڭيپ، ئائللەرنڭ
ۋەيران بولشنى كەلتۈرۈپ
چقارماقتا. بۇنڭ ئاساسي
سەۋەبلرى ئۆز-ئارا چۈشۈنشنڭ
كەمچل بولشى، ئۆز ئارا
سردششنڭ ۋە هۆرمەتنڭ كەمچل

بولشى، چوڭلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت سائادىتىدىن كۆرە ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش ئاتا ـ ئانىلىق ئورنىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشى، پەرزەنتلىرىگە تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. كېلىن ـ كۈيئوغۇللار بولسا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىق ئورنىنى ھۆرمەت قىلماسلىقى، كىچىككىنە سەھۋەنلىرىگىمۇ يول قويماسلىقى، كېلىن ـ كۈيئوغۇل بىر تۇققانلىرى ئارىسىدىكى ئۆز ـ ئارا بەختىيار

تۇرمۇش كۆچۈرۈشگە تىلەكداشلىق
بىلدۈرۈشتىن كۆرە، بەسلىشىش،
كۆرەلمەسلىك، قەستەن زىددىيەت
پەيدا قىلىشلار، زەررىچە
سەھۋەنلىكلەرنى قىلدىن قىرىق
يېرىشلار ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى
كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بەدنىيەتلىكنىڭ،
نىيىتى قارىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. ئائىلە،
جەمەت، مىللەت قارىشىنىڭ
كەملىگىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۆز

تۇغقانلىرىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ ئائىلىسى بۇزۇلسا زىيان تارتىدىغىنى كىم؟ يەنىلا ئۆز تۇغقانلىرى، تۇغقانلىرىنىڭ بىگۇناھ پەرزەنتلىرى ئەمەسمۇ؟ ناۋادا شۇ تۇغقىنىنىڭ ئائىلىسى بۇزۇلسا بۇزغۇچىغا نېمە پايدا؟

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق. ئائىلىگە نىسبەتەن ئەر ۋە ئايالنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيىتى بولۇشى لازىم، ئۇ ئۆزى

خالاپ بۇ ئائىلىنى بەرپا قىلغان ئىكەن، بۇ ئائىلىنى قوغداش، ئائىلە ئەزالىرىغا نىسبەتەن مەسئۇل بولۇش مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئىچىدە خىروئىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى، زىنانىڭ كۆپىيىشى، ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ دۇنياۋىي يۇقۇرى نىسبەتكە يېقىنلىشىشى، نەزەرىمىزدىكى ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلار كۆپ دەپ قارىلىۋاتقان

ئامرىكىغا تەگلىششى ياكى ئىشىپ چۈششى، ھاراق ۋە تاماكىدىن ئىبارەت چەكلەنمىگەن زەھەرگە ئاشقى بىقارار بولۇشىمىز، بىزنىڭ ئائىلىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغىمىزنىڭ يوق ياكى ئىنتايىن كەمچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىز ھاراق، تاماكا، زەھەرلىك چېكىملىك، زىنا ۋە ئەيدىز بىلەن ئېرىشكىنىمىز ئائىلە ئىقتىسادىنى، ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلىش بولدى، مۇشۇ سەۋەبتىن

ناھايىتى كۆپ ئائىلىلەر ۋەيران بولۇپ سەبىي بالىلىرىمىز يېتىم ۋە ئىگىسىز قالدى. بۈنىڭدىن ئارتۇق سۆز نە ھاجەت؟ بىز ئەنە شۇ بالىلارنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلدۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھايۋانلارچىلىك مەسئۇل بولالمىساق، جۈملىدىن بۇ مەسىلىدە ھايۋانلارنىمۇ دورىيالماسلىقىمىز نېمە سەۋەبتىن؟ ھايۋانلارغا قارايدىغان بولساق بالىلىرىنى بېقىپ يېتىلدۈرۈدۇ ۋە

ياشاش يوللىرنى ئۆگىتىدۇ، بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگىنىمىز ھايۋانلارچىلىك بولسىمۇ ياشاش يولىنى ئۆگەتمىگەنلىكىمىز ئەمەسمۇ؟ ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە زەھەرلىك ئوت ـ چۆپتىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىرى مىڭدە بىر ياكى ئونمىڭدە بىر كۆرۈلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ياشاش داۋامىدا بۇرۇنقىلاردىن قالغان قانداق چۆپنى يىسە زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى

بىلگەنلىكىدۇر، بىز بولساق ئاڭسىز ھايۋانلارچىلىك... شەكسىزكى بىزدە ئائىلىگە مەسئۇل بولۇش ئىدىيىسى يوقلىقىنىڭ، ئائىلىۋى تەربىيىنىڭ بولمىغىنىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ناۋادا كىشىلىرىمىزدە، ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغىنىدا ئىدى، ئەر-ئاياللار ئۆز-ئارا مەسئۇل بولغىنىدىن سىرت يەنە پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام، بەختىيار ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە كېلىچىگىگە كۆڭۈل بۆلگەن، مەسئۇل

بولغان بولاتتى، شۇنداق بولغاندا خروئىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكتىن يىراق بولغان، ھاراقنى ئاز ئىستىمال قىلغان، سالامەتلىككە زىيانلىق تاماكىدىن قول ئۈزگەن، زىنادىن يىراق بولغان بولاتتى. ئەر ۋە ئايال ئۆز ئارا مەسئۇل بولسا پاك ئائىلە ئەخلاقىي بەرپا قىلغان، زىنادىن خالىي بولغان بولاتتى، خروئىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە يېقىن بارمىغان، قىمار ئويناپ ئائىلە

ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىشنىڭ
ئەكسىچە تىرىشىپ ئىشلەپ ئائىلە
ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ ئائىلىسىنىڭ
پاراۋان، پەرزەنتلىرىنىڭ بەختىيار
ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئاساس
ياراتقان بولاتتى. قېنى دوستلار،
يۈرۈگۈڭلارنى تىڭشاپ بېقىڭلار،
ئائىلىلىرىمىزگە مەسئۇل بولىۋاتامدۇق؟
ئائىلە ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىزنى
ئادا قىلىۋاتامدۇق؟ ئاتا ـ ئانىمىزغا
قانداق مۇئامىلىدە بولىۋاتىمىز؟

كۆيۈندۇقمۇ؟ پەرزەندلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىگە ئاساس سالدۇقمۇ؟
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىق پاجىئە ۋە بەختسىزلىكلەر ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ئائىلىۋى مەدەنىيەتنىڭ بولماسلىقى، ئائىلىۋى ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ بۇزۇلۇشى، ئائىلە ئەنئەنىسى ۋە مۇسىئۇلىيىتىنىڭ بولماسلىقى بۇ پاجىئەلەرنىڭ تۈپكى سەۋەبى ۋە باشلانمىسىدۇر. ئائىلىگە مەسئۇل بولۇش، گۈزەل، بەختيار

ئائىلە بەرپا قىلىش، پەرزەندلىرىنىڭ
كېلىچىگە ئاساس سېلىش، گۈزەل
ئائىلە ئەخلاقى، ئېتىقادىغا ماس ئائىلە
مەدەنىيىتى تىكلەش، پەرزەنتلىرىنى
خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىلغار
پەن مەدەنىيەت بىلەن
قۇراللاندۇرۇشنىڭ ئۆزى مىللەت،
خەلق، ۋەتەن ئۈچۈن قوشۇلغان
تۆھپىدۇر. بىز ۋەتەن ۋە خەلقنى
ئېغىزدا ئەمەس ئەمەلىي ئىش
ھەركىتىمىز بىلەن سۆيەيلى!

## ئىزاھاتلار:

[1]ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئائىلە» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ ، 6 ـ بەتلەر
[2] كاتارىن ماكارتنىي«قەشقەرنى ئەسلەيمەن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 141 ـ بەت
[3]«شجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2001 ـ يىللىق 2 ـ سان
[4] نۇشىرۋان يائۇشېۋ «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» «مىراس» ژورنىلى 2005 ـ يىللىق 2 ـ

سان
[5]ئالبېرت ۋون لېكوك «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى» جوڭگو ياشلار نەشرىياتى 2002-يىلى خەنزۇچە نەشرى 76-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىلى خەنزۇچە نەشرى 65-بەت
[6] نەزەر ئابدۇسەمەت ئوغلى «ئالتە شەھەرگە سەپەر» «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ئۇيغۇرچە 2000-يىللىق 3-سان 48-بەت
[7]«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 33-توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992-يىلى

ئۇيغۇرچە نەشرى 208 ـ بەت
[8] «شىنجاڭ يىلنامىسى 1995» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 813 ـ بەت
[9] «شىنجاڭ يىلنامىسى 1985» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1453 ـ بەت
[10] «شىنجاڭ يىلنامىسى 1988» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1629 ـ بەت
[11] «شىنجاڭ يىلنامىسى 1990» شىنجاڭ

خەلق نەشرياتى 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1529 ـ بەت
[12] «شىنجاڭ يىلنامىسى 1992» شىنجاڭ خەلق نەشرياتى 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1247 ـ بەت
[13] «شىنجاڭ يىلنامىسى 1993» شىنجاڭ خەلق نەشرياتى 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 778 ـ بەت
[14] «شىنجاڭ يىلنامىسى 1994» شىنجاڭ خەلق نەشرياتى 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 358 ـ بەت

[15] «شىنجاڭ يىلنامىسى 1995» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 867 ـ بەت
[16] «شىنجاڭ يىلنامىسى 1998» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 352 ـ بەت
[17] [18] [19] [20] «جوڭگو نوپۇسى. شىنجاڭ تومى» چاۋشىك رەقەملىك كۆتۈپخانىسىدە ساقلانغان كىتاب
[21] ساۋ خوڭ «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇش شەكلى» مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى

نەشرىياتى 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 161 ـ ، 177 ـ بەتلەر
[22] شياۋ يىك، بەختىيار تۇرسۇننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر مىللىتى» يۈننەن ئۇنىۋېرستېتى 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 59 ـ بەت
[23] ئەنۋەر نىجىم «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھ ئەھۋالى ۋە ئۆزگىرىش يۆنىلىشى ھەققىدە ئانالىز» «غەربىي يۇرت نوپۇسى» ژورنىلى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سان
[24] خۇئاڭ جىروڭ، ۋەن چىڭيىن «جەنۇبىي

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەربىيىلىنىش سەۋەبى ۋە سىياسەت» «شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 2006 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان 83 ـ بەت
[25] رابىيە ئىبراھىم «ئەيدىز كېسەللىكى ھەققىدە ساۋادلار» شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 18 ـ بەت
[26] «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 13 ـ بەت

[27] ياڭ ۋېي، ما يۈيۈك قاتالىقلار «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت جەمئىيەت پىسخىكىسى ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 19 ـ بەت

[28]لىن گەن، گاۋ زىخۇ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 118 ـ بەت

http://halip999.blog.163.com/blog/static/
54372013200810196412020 5/

AAQ(5487)